# هەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيىنىشى، بېشىنى ۋە بەدىنىنى يۇيۇشى ۋاجىپ بولىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيىنىشى، بېشىنى ۋە بەدىنىنى يۇيۇشى ۋاجىپ بولىدۇ».
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ: بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە يەنى ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيىنىشى زۆرۈردۇر. شۇنداقلا پاكىزلىق ۋە گۈزەللىكنى تەلەپ قىلىپ پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇشى كېرەك. ھەپتىنىڭ كۈنلىرى ئېچىدە جۈمە كۈندە يۇيۇنسا ياخشى بولىدۇ. بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە، جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. پەيشەنبە كۈندە يۇيۇنسىمۇ بولىدۇ. بەزى رىۋايەتلەر يۇيۇنۇشنىڭ ۋاجىپ بولماستىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇلار جۈمە نامىزىغا ماڭغاندا شۇ ھالىتى بويىچە باراتتى، ئۇلارغا: ئەگەر يۇيۇنۇپ كەلگەن بولساڭلار دېيىلەتتى». [بۇخارى رىۋايىتى]. بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «ئۇلاردىن تەر پۇراقلىرى كېلەتتى» دەپ كەلگەن، شۇنداق بولغاچقا ئۇلارغا: ئەگەر يۇيۇنۇپ كەلگەن بولساڭلار دېيىلەتتى». ئۇلاردىن باشقىلارنىڭمۇ يۇيۇنۇپ كېلىشى ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65084